# كىمكى روزا تۇتقۇچىغا ئىپتارلىق بەرسە روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيمەستىن ئىپتار بەرگۈچىگە روزا تۇتقۇچىنىڭكىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ

زەيد ئىبنى خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى روزا تۇتقۇچىغا ئىپتارلىق بەرسە روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيمەستىن ئىپتار بەرگۈچىگە روزا تۇتقۇچىنىڭكىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ«

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان -] تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - نىسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام [ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - دارىمى"سۈنەن دارىمىي"ناملىق ئ

بۇھەدىستە روزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرغانىنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭغا ئىنتىلدۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا رىغبەتلەندۈرۈش، روزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرغۇچىغا روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيمەستىن ئىپتار بەرگۈچىگە روزا تۇتقۇچىنىڭكىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان، بۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە قىلغان پەزلى-ئىھسانىدۇر، بۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا ياخشىلىق، تەقۋادارلىقتا ھەمكارلىشىش، مېھرى-مۇھەببەت پەيدا قىلىش، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەمكارلىك پەيدا قىلىش مەقسەت قىلىنغان، سىرتتىقى كۆرۈنىشىدىن بىر ئىنسان ئەگەر روزا تۇتقۇچىنى بىر تال خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ ئىپتار قىلدۇرسا، ئۇ كىشى ئۇچۇنمۇ روزا تۇتقان كىشىگە بېرىلگەنگە ئوخشاش ئەجىر-ساۋاپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان روزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرۇشقا كۈچىنىڭ يېتىشىچە ھېرىسمەن بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ ئىپتار قىلدۇرغۇچىغا ھاجىتى بولغاندا ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىپتارلىق تەييارلاپ بېرىدىغان كىشى تاپالماي، ئىپتار قىلدۇرغۇچىغا ئېھتىياجلىق بولغاندا بۇنىڭغا بەك ھېرىسمەن بولۇش كېرەك

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6271